## 68818 ـ خۇن كېسىلى بولۇپ قالغان ئاياللارنىڭ ئەھۋالى

**سوئال**

خۇن كېسىلىگە گىرىپتار بولغان قىز-خانىملار ھەيز بىلەن خۇن كېسىلى بولغان مەزگىلنى قانداق ئايرىيدۇ ۋە نامازنى قانداق ئوقۇيدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىلگەن بولسا.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار جانابى ئاللاھقا خاستۇر.

خۇن كېسىلى بولۇپ قالغان ئايالنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچى: خۇن كېسىلى بولۇشتىن بۇرۇنقى ئايلىق ئادەت مەزگىلى بولۇپ، ھەر ئاينىڭ شۇ ۋاقتىدا ناماز ئوقۇمايدۇ، ئۇ ئايال ئۈچۈن ھەيزنىڭ ھۆكۈملىرى بېرىلىدۇ. باشقا ۋاقىتلىرى خۇن كېسىلى ھېسابلىنىپ ئۇ ئايال ئۈچۈن خۇن كېسىلىنىڭ ھۆكۈملىرى بېرىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: بىر ئايال ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئالتە كۈن ئادەت كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت خۇن كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ دائىم قان كېلىدۇ. ھەر ئاينىڭ بېشىدىكى ئالتە كۈن ئۇ ئايالنىڭ ھەيز ۋاقتى، قالغان كۈنلەر خۇن كېسىلىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پاتىمە بىنتى ئەبىي ھۇبەيش: يا رەسۇلۇللاھ! مەن خۇن كېسىلى بولۇپ قالدىم، دائىم قان كېلىدۇ، پەقەت پاك بولمايمەن، نامازنى ئوقۇمىساممۇ بولامدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ياق، بۇ ئايالLاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك، سىز ھەر ئايدا ھەيز كۆرىدىغان مۇددەتتە ناماز ئوقۇمايسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيسىز دېگەن. [بۇ ھەدىسنى بۇخارىي رىۋايەت قىلغان]. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇممۇ ھەبىبىگە: ھەيز كۆرىدىغان كۈنلىرىڭىزنىڭ مىقدارىدا ناماز ئوقۇمايسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيسىز دېگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن خۇن كېسىلى بولۇپ قالغان ئايال ھەر ئايدا ھەيز كۆرىدىغان كۈنلىرىنىڭ مىقدارىدا ناماز ئوقۇمايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، قاننىڭ كۆپ كېلىشىگە پەرۋا قىلمايدۇ.

ئىككىنچى: خۇن كېسىلى بولۇشتىن بۇرۇن مەلۇم ئايلىق ئادەت كۈنى بولمايدۇ. تۈنجى قېتىم قان كەلگەندىن تارتىپ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. بۇنداق ئايالLار ھەيز بىلەن خۇن كېسىلىنىڭ قېنىنىڭ ئارىسىنى قاننىڭ رەڭگىنىڭ قارامتۇل، قويۇق ياكى پۇرىقىغا قاراپ ئايرىيدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ھەيزنىڭ ھۆكۈملىرى بېرىلىدۇ، قالغانلىرىغا خۇن كېسىلىنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: بىر ئايالدىن تۇنجى قېتىم قان كەلدى ۋە بۇ داۋاملاشتى، لېكىن 10 كۈن قاننىڭ رەڭگى قارامتۇل، 20 كۈن قاننىڭ رەڭگى قىزىل كېلىدۇ ياكى 10 كۈن قان قويۇق، 20 كۈن سۇيۇق كېلىدۇ ياكى 10 كۈن قاننىڭ پۇرىقى ھەيزنىڭ قېنىدەك، 20 كۈن قاننىڭ

